شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报

2019 - يىل 7 - ئاي
2
سەيشەنبە
维吾尔文 7月2日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24744 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشكە ئائىت يېڭى بىر تۈركۈم نۇقتىلىق رەقەملىك كىتابلار تورغا چىقىرىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە ماسلىشىش، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشكە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش ئۈچۈن، خەلق نەشرىياتى، مەركىزىي ھۆججەت نەشرىياتى، ئۆگىنىش نەشرىياتى، چەت ئەل يېزىقى نەشرىياتى قاتارلىق 11 نەشر ئورنى نەشر قىلغان شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشكە ئائىت 30 خىل نۇقتىلىق كىتاب 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى، شىنخۇا كىتابخانىسى تور سودا شەھىرى، يىيۈتۈڭ، مىگۇ، جاڭيۈ قاتارلىق 14 توردا تارقىتىش سۈپىتىدە تورغا چىقىرىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىغا قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، خالىس ئۆزىنى بېغىشلاپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىدا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىغا قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق بىلدۈردى: يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇنىڭ بەختكە قارشى قازا قىلغانلىقى كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇردى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن سەممىمىي ھال سورايمەن. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇ ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چوڭ شەھەردە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، قەتئىيلىك بىلەن يۇرتىغا قايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆزىنى بېغىشلاپ، گۈزەل ياشلىق باھارى بىلەن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى، بۇرچىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ياشلىق باھار ناخشىسىنى پۈتۈپ چىقتى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ۋە ياش يولداشلار يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇنى ئۈلگە قىلىپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، خالىس ئۆزىنى بېغىشلاپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىدا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەك.

يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇ ھايات ۋاقتىدا گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى بەيسې شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى ئىدى. ئۇ 2016 - يىلى بېيجىڭ سىفەن داشۆسىدە ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يۇرتى بەيسېغا قايتىپ خىزمەت قىلغان. 2018 - يىلى 3 - ئايدا يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇ تەشكىلنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، لېيې ناھىيەسىنىڭ بەينى كەنتىگە بېرىپ كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، 88 ئائىلىلىك 418 نامرات ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلىگەن، پۈتۈن كەنتتە نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 20%تىن كۆپرەك تۆۋەنلىگەن. 2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سەھەردە، ئۇ بەيسېدىن لېيېغا قايتىش يولىدا كەلكۈنگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا قىلىپ، ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

«كېچىلىك ئىقتىساد» پۈتۈن رايون ساياھىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى

☐ مۇخبىرىمىز رېن جياڭ

كەچلىك بازار چىراغ نۇرىدا كۆزدە يورۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە ياقتىن مەززىلىك پۇراق كېلىپ تۇراتتى، ساياھەت ئويۇنى قويۇلۇۋاتقان نەق مەيداندا ناخشا سادالىرى ياڭراپ، لەرزان ئۇسسۇل ئوينىلىۋاتاتتى، كېچىدىكى مەنزىرە رايونى رەڭدار، گۈزەل تۈسكە كىرگەندى... ياز پەسلى كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەچلىك بازارلار، كېچىلىك ساياھەت ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى، كېچىدە مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلىش تۈرلىرى قاتارلىقلار تەدرىجىي كۆپىيىپ، پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكىنىڭ «پۈتۈن سوتكىلىق ساياھەت» ئۈنۈمىنى تېخىمۇ تولۇق نامايان قىلدى.

ساياھەت ۋاقتى ئۈنۈملۈك ئۇزارتىلدى، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش كۆپەيتىلدى، «كېچىلىك ئىقتىساد» شىنجاڭنىڭ كېچىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ موللاشتۇردى.

كەچلىك بازار قىزىدى

«كېچىلىك ئىقتىساد»نى قىزىتتى

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچ سائەت 10دا، كۆكۈم چۈشۈشى بىلەن ئىسسىق ھاۋا ئاستا - ئاستا سالقىنلىدى. قومۇل شەھىرى ئىۋىرغول رايونى 1 - ئىيۇل كەچلىك بازىرىنىڭ ئىشىك ئالدى قىزىپ كەتتى. تاكسى شوپۇرى چېن رۇڭجۈن كەچلىك بازارغا تۆت - بەش قېتىم قاتناپ بولغانىدى، «ھەممىسى قومۇلغا كەلگەن ساياھەتچىلەر» دېدى ئۇ. ياز پەسلىدە كەچ كىرىشى بىلەنلا كەچلىك بازارغا بارىدىغان ساياھەتچىلەر ئۇنىڭ ئاساسلىق خېرىدار مەنبەسى بولۇپ قالاتتى.

كەچلىك بازار چىراغ نۇرىدا كۆزدە يورۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە يەر خېرىدار بىلەن لىق تولغانىدى. كاۋاپ، جياۋماجى، سېرىقئاش... يەرلىك مەززىلىك تائاملارنىڭ تۈرى كۆپ، تەملىك ئىدى، مالاشياۋلۇڭشيا، باۋچاۋتيەنلو، مالاتاڭ... باشقا يۇرت تائاملىرىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كىشىنى جەلپ قىلاتتى. ئىۋىرغول رايونىدا ئۈچ كەچلىك بازار بولۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە مەدھىيە ئوقۇش

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بۇرچىن ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇرچىن بازىرى دوستلۇق چوققىسى مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن مەھەللىدىكى ئاھالىلەر بىرلىكتە مەن دۆلەت بايرىقى، پارتىيە گېربى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشمەن پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 98 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

☐ جياڭ يېجۈن فوتوسى

يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللار كېڭەيتىلدى دۆلەت يولى، ئۆلكە يوللىرىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى

«شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىشنى تېزلىتىش» تېز ئالغا سىلجىتىلدى

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

☐ مۇخبىرىمىز لۇ پېڭباۋ

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتە، فۇكاڭ شەھىرى تەۋەسىدە قۇياش يەر - جاھاننى ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇراتتى، كەڭ دالىدا تۇرغاندا تومۇز ئىسسىقنى تېخىمۇ ھېس قىلغىلى بولاتتى. يېيىتىش ماشىنىسىنىڭ ئاسفالتنى تەكشى، سىلىق يېيىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرغان بېيجىڭ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى (G7)نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى داخۇاڭشەندىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلىكىدىكى يولنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى سۇ دەن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئۇنداق ھاۋارايى ئاسفالت يېيىتىشقا ناھايىتى ماس كېلىدۇ، بىز چىڭ تۇتۇپ قۇرۇلۇش قىلىپ، تىرىشىپ 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قاتناش باشلاشنى قولغا كەلتۈرىمىز».

يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللار كېڭەيتىلىپ ئۆزگەرتىلدى، دۆلەت يولى، ئۆلكە يوللىرىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، سۈرئەت تېزلىتىلدى، يېڭىدىن يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللار ياسالدى... مۇخبىرنىڭ زىيارەت داۋامىدا ئىگىلىشىچە، بۇ يىل «1 - ئۆكتەبىر»نىڭ ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز كۆپلىگەن تاشيول تۈرىدە ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تاماملاپ ياكى پۈتكۈزۈپ قاتناش باشلاپ، «شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىشنى تېزلىتىش»نىڭ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامغا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سىلجىتىدىكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بېسىپ تارقاتقان «1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» قاتارلىقلار يەتكۈزۈلۈپ، ئۆگىنىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ يېڭى نەتىجىسى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلىپ، مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بېسىپ تارقاتقان «1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بېسىپ تارقاتقان «ئۇقتۇرۇش» 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت باش تېما تەربىيەسىنىڭ بۇ ئاساسىي لىنىيەسىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش - تەربىيەنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ئەمەلىيەت تەلىپىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆپ ئويلىنىش، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق ئىگىلەپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى

شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەللىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەخسۇس يىغىن ئاچتى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئالتە تۈرلۈك تەدبىرى

ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

مۇخبىرىمىز **شى شىننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى مەۋقەنى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ساياھەت باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نەشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرگە قويۇپ، ئالتە تۈرلۈك تەدبىر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچەپ تۈرتكە بولغان.

مەدەنىيەت، ساياھەت تۈرلىرىنى قوللاش سالمىقى ئىزچىل ئاشۇرۇلغان. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، مەدەنىيەت، ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، مەركەز، ئاپتونوم رايون خامچوت ئىچىدىكى مەبلەغدىن جەمئىي 350 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)